# چوڭ گۇناھتىن تەۋبە قىلىش توغرىسىدا

[ئۇيغۇرچە]

التوبة من الفاحشة

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: ن.تەمكىنى
المترجم: ن. تمكيني

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1430 - 2009

islamhouse.com

# چوڭ گۇناھتىن تەۋبە قىلىش توغرىسىدا

624-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ دىنىمىزدا چەكلەنگەن گۇناھنى ئىشلەپ سالدىم. مەن ھازىر ئىشلىگەن قەبىھ قىلمىشىمغا تەۋبە قىلىشنى خالايمەن. قۇرئان كەرىمدىكى نۇر سۈرىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، مەندە ئىپپەتلىك، نومۇسنى ساقلىغان مۇسۇلمان قىز بىلەن نىكاھلىنالمايدىكەنمەن دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟، مېنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم، جانابى ئاللاھنىڭ مېنى دوزاخ ئوتىدا ئازابلىشىنى يەڭگىللىتىشى ئۈچۈن دۇئادا بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

جاۋاب:

بارچە ھەمدۇ-سانا ئۇلۇغ ئاللاھقا خاستۇر.

1- جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ. قۇرئان كەرىم سۈرە زۇمەر 53-ئايىتىنى ئوقۇڭ ۋە تەپەككۇر قىلىڭ. جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

2- سىز تەۋبىڭىزنى خالىس نىيەت بىلەن جانابى ئاللاھقا يۈزلىنىپ تەۋبە قىلىڭ. سىزنى هارام ئىشلارغا ئىلىپ بارىدىغان ھەر تۈرلۈك ۋاستىلەردىن يىراق بولۇڭ، ياخشى ئەمەل گۇناھلارنى يۇيۇپ تاشلايدۇ.

3- سىز ئىشلىگەن گۇناھلىرىڭىزغا چىن دىلىڭىزدىن تەۋبە قىلغان بولسىڭىز، سىزدىن زىناخور دېگەن نام ئېلىپ تاشلىنىدۇ ۋە پاك، ئىپپەتلىك مۇسۇلمان قىز بىلەن نىكاھلىنالايسىز.

4- مۆمىنىنىڭ ھىممىتى ۋە ئۈمىدى ئۈستۈن بولۇشى كېرەك، ئۇ پەقەت جانابى ئاللاھتىن دوزاخىنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى دوزاخ ئوتىدىن ئازات قىلىشىنى سورىشى لازىم.

مۇسۇلمان ياخشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن سادىر بولغان گۇناھلارغا تەۋبە ئىستىغپار ئېيتىپ، جانابى ئاللاھتىن جەننەتكە بولۇپمۇ "پىردەۋسۇل ئەئلا"غا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشى كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلسۇن.